## 21376 ـ ئەزان قانداق بولىدۇ ؟

### سۇئال

جامائەت نامىزىدىن بۇرۇن كىشى قانداق تەكبىر( يەنى ، ئەزان) قىلىدۇ ، دەيدىغان سۆزلەر قايسى ؟ ئەزاندا ھەر بىر سۆزنى ئىككى قېتىم دەمدۇ ياكى بىر قېتىم يېتەرلىكمۇ ؟ بۇ ھەقتە بىر ئاز قايمۇقۇش بار .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
ئەزاننىڭ بىر نەچچە شەكلى سەھىيھ نەقىللەردە پەيغەمبەردىن ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان بولۇپ ، سۈننەتنى گۈللەندۈرۈش ، ھەمدە بىلمىسىز كىشىلەر ياكى ئۆزىنىڭ مەزھىپىدە ئەسەبىي كىشىلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئىختىلاپلار ۋە توقۇنۇشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان بۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىش سۈننەت .
پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن :
" ئەزان ھەققىدە سۈننەتتە نەقىل قىلىنغان ھەر قانداق شەكىل دۇرۇس ، بەلكى ناۋادا ئۇ قايمۇقۇش ،ۋە پىتنە پەيدا قىلمىسا بەزىدە بۇنىڭ بىلەن ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئەزان قىلىش كېرەك .
مالىكنىڭ قارشىدا : 17 ئىبارە ئوقۇلىدۇ ، بېشىدىكى ئاللاھۇ ئەكبەرنى ئىككى قېتىم ئېيتىدۇ ؛ ئاندىن مۇئەززىن ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئېچىدە دېيىشى ، ئاندىن ئۇلارنى ئۈنلۈك دېيىشى ۋە ئەزاننى داۋاملاشتۇرىشى كېرەك .
شافىئىيىنىڭ قارشىدا : بېشىدىكى تەكبىرنى تۆت قېتىم دېيىش بىلەن 19 ئىبارە بولۇپ ، مۇئەززىن ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئېچىدە دېيىشى ، ئاندىن ئۇلارنى ئۈنلۈك دېيىشى ۋە ئەزاننى داۋاملاشتۇرىشى كېرەك .
بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈننەتتە كەلگەن ، شۇڭا بۇ قېتىم بۇنىڭ بىلەن ئەزان قىلىنسا ، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئەزان قىلىنسا ، بۇ ياخشى . ئاساسى پىرىنسىپ بولسا : كىشى تۈرلۈك شەكىللەردە نەقىل قىلىنغان ئىبادەتلەرنى ئەنە شۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسىدە قىلىشى ئەۋزەل .
" الشرع الممتع " ( 2 / 51 ، 52 ) .
ھەمدە ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ قارشى بولسا : ئەزان 15 ئىبارە بولۇپ ،ئۇ بىلالنىڭ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەزىنى .
مالىك ۋە شافىئىيىنىڭ دەلىلى :
ئەبۇ مەھزۇرەدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئاللاھ پەيغەمبىرى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنىڭغا بۇ ئەزاننى

ئۆگەتكەن : ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ئاندىن تەكرار : ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، دەيدۇ . ھەييە ئەلەسسەلاھ ئىككى قېتىم ، ھەييە ئەلەل فەلاھ ئىككى قېتىم ، ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 379 ]

بۇ ھەدىيس بولسا مالىك ۋە شافىئىي مەزھىپىنىڭ دەلىيلى ، بىشىدىكى تەكبىير ئىككى خىل شەكىلدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، مالىكنىڭ مەزھىپىدە ئىككى قېتىم ، شافىئىينىڭ مەزھىپىدە تۆت قېتىم .

نەۋەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم_شەپقەت قىلسۇن )مۇنداق دىگەن :

سەھىيھۇل مۇسلىمدىكى بۇ ھەدىيس بىشىدىكى تەكبىيرنى ئىككى قېتىملا دىيىشنى تىلغا ئالىدۇ . مۇسلىمدىكىدىن باشقىلىرىدا تەكبىيرنى تۆت قېتىم دىيىش كىرەك دىيىلىدۇ . قازىي ئىياز مۇنداق دىگەن : " سەھىيھ مۇسلىمدىكى بەزى نەقىللەردە ئۇنى تۆت قېتىم دىيىش تىلغا ئىلىندۇ . شافىئىي ، ئەبۇ ھەنىيفە ، ئەھمەد ھەمدە كۆپچىلىك ئالىملار ئۇ تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى كىرەك دىدى ، ھەمدە مالىك : ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشى كىرەك دىدى ، ھەمدە ئۇ مەزكۇر ھەدىيسنى دەلىل قىلدى .

ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشىنىڭ دەلىلى :

نەقىل قىلىندىكى ، ئابدۇللاھ بىن زەيد مۇنداق دىگەن : " ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قوڭغۇراقنى كىشىلەرنىڭ نامازغا يىغىلىشى ئۈچۈن ئۇرۇشقا بۇيرىغاندا ، مەن ئۇخلاۋاتقىنىمدا بىر كىشى قولىدا قوڭغۇراقنى تۇتقىنىچە مىنىڭ ئەتراپىمدا ئايلاندى_دە ، مەن : " ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى ، قوڭغۇراقنى ساتامسەن ؟ " دىدىم. ئۇ : " ئۇنىڭ بىلەن نىمە قىلىسەن ؟ " دىدى . مەن : " ئۇنىڭ بىلەن نامازغا چاقىرىمىز ." دىدىم .ئۇ : " ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نىمىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ ؟ " دىدى . مەن : " ھەئە . " دىدىم . ئۇ دىدى : " ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ھەييە ئەلەسسەلاھ ھەييە ئەلەسسەلاھ ، ھەييە ئەلەل فەلاھ ھەييە ئەلەل فەلاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەيسەن ." ئۇ مۇنداق دىگەن : " ئاندىن ئۇ مىنىڭدىن ئانچە يىراققا كەتمىدى . ھەمدە ئۇ : " نامازغا ئىقامەت قىلساڭ : ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ھەييە ئەلەسسەلاھ ، ھەييە ئەلەل فەلاھ ، قەد قامەتىس سەلاھ قەد قامەتىس سەلاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەيسەن ." دىدى . شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقاندا ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) قېشىغا كىلىپ ، ئۇنىڭغا چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى خەۋەر قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : ئاللاھ خالىسا ، ئۇ راست چۈش . بىلال بىلەن تۇر ھەمدە ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىڭنى ئۆگەت ، ئۇ ئاشۇنىڭ بىلەن نامازغا چاقىرسۇن ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى سىنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك مۇڭلۇق . دىدى . شۇنىڭ بىلەن بىلال بىلەن بىللە تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆگىتىشكە باشلىدىم ھەمدە ئۇ ئۇنىڭ بىلەن نامازغا چاقىردى . ئۇمەر بىن خەتتاب ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇنى ئاڭلاپ ، تونىنى سۆرىگىنىچە چىقتى ھەمدە : " سىنى ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتكەن كىم بىلەن قەسەم ، ئى ئاللاھ ئەلچىسى ! مەنمۇ ئۇنىڭ كۆرگىنىگە ئوخشاشنى كۆردۈم . " دىدى . شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ

ئەلچىسى( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن ) : مەدھىيە ئۈنىڭغا بولسۇن ! دىدى .
[ ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان ، 499 . ئۇنى ئىبنۇ خۇزەيمە ( 1191) ، ئىبنۇ ھەببان ( 4572) سەھىيھ دەپ تۆرگە ئايرىدى . ھەمدە خۇددى سۆنەنى بەيھەقىيدا (1390) كەلگەندەك ، تىرمىزىي ئىمام بۇخارىينىڭ ئۇنى سەھىيھ دىگىننى نەقىل قىلغان . ]
ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە مۇنداق دىگەن :
" ئىش شۇنداق بولغانىكەن ، توغرا قاراش بولسا ھەدىيسشۇناسلار ۋە ئۇلارغا قېتىلغانلارنىڭ قارىشى بولۇپ ، يەنى پەيغەمبەردىن( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن ) نەقىل قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە بۇ نەقىللەرنىڭ ھىچقايسىسىغا قارشى تۇرماسلىق . چۈنكى ئەزان ۋە ئىقامەتنىڭ ھەرخىل بولۇشى قىرائەتلەر ، تەشەددۇدلار ۋە شۈنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئوخشايدۇ . ھىچكىمنىڭ ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن ) ئۈممىتىگە بەلگىلىگەن ھەر قانداق نەرسىنى ياقتۇرماسلىققا ھوقۇقى يوق . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردە ئىختىلاپلاشقان ۋە بۆلۈنگەن ، ھەتتا كىشىلەرنى دوست ياكى دۈشمەن دەپ قاراش دەرىجىسىگە بارغان ، ياكى ئۈنىڭدىكى ھەرخىللىق ئاللاھ تەرىپىدىن ئىجازەت بىرىلگەن ئاشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇرۇش قىلغانلارغا كەلسەك ، خۇددى شەرقتىكى كىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك ، ئۇلار دىنلىرىنى پارچىلىغان ( يەنى ، توغرا ئىسلام بىر ئىلاھچىلىقىدىن ئايرىلغان ) ، ھەمدە مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن ، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ قاتارىدا . بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردە سۈننەتكە ئەگىشىشتىكى مۇكەممەللىك بولسا : بەزىدە ئۇنى ، بەزىدە بۇنى قىلىش ، بۇ جايدا ئۇنى ، ئۇ جايدا بۇنى قىلىش . چۈنكى سۈننەتتە كەلگەن ئىمىنى تاشلاپ ، باشقا ئىمىلەرنى چىڭ تۇتۇش سۈننەتنىڭ بىدئەت دەپ قارىلىشىغا ھەمدە مۇستەھەب ئىمىنىڭ ۋاجىپ دەپ قارىلىشىغا ئىلىپ بارىدۇ ، ھەمدە ناۋادا باشقىلار ئۇنى باشقىچە ئۇسۇلدا قىلسا ، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپقا ئىلىپ بارىدۇ . شۇڭا مۇسۇلمان سۈننەتنى ۋە جامائەتنى چىڭ تۇتۇشقا چاقىرىدىغان ئومۇمى پىرىنسىپقا دىققەتنى بىرىشى بولۇپمۇ جامائەت نامىزىغا ئوخشاش ئىشتا ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى كىرەك . . . ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى ئىككى قېتىم تۆۋەن ئاۋازدا ئاندىن ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا تەكرارلاش مالىك ۋە شافىئىينىڭ تاللىشى ، بىراق مالىك تەكبىر ئىككى قېتىم دىيىلىشى كىرەك دەپ قارىدى ھەمدە شافىئىي ئۇ تۆت قېتىم دىيىلىشى كىرەك دەپ قارىدى ، لىكىن ئەبۇ ھەنىيفە ئىككى گۇۋاھلىق سۆز ئەزان جەريانىدا تۆۋەن ئاۋازدا دىيىلمەسلىكى كىرەك دەپ قارىدى . ئەھمەدكە كەلسەك ، ئۇ ھەر ئىككىلىسى سۈننەت دىدى ، بىراق ئۇ ئۇنى قىلماسلىقنى ئەۋزەل كۆردى ، چۈنكى ئۇ بىلالنىڭ ئەزىنى ئىدى .
ئىقامەتكە كەلسەك ، مالىك ، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبارىلەر بىر قېتىم دىيىلىدۇ دىدى . بىراق ئەھمەد ئۇلارنى ئىككى قېتىم دىيىش سۈننەت دىدى . ئۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى ، ئەبۇ ھەنىيفە ، شافىئىي ۋە ئەھمەد " قەد قامەتىس سەلاھ" نى ئىككى قېتىم دىيىشنى ئەۋزەل كۆردى ، لىكىن مالىك ئۇنداق قارىمىدى . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .
" مجموع الفتاوى " ( 22 / 66 ـ 69 ) .